## 21776 ـ ئاشۇرا روزىسىنى يالغۇز بىر كۈن تۇتۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سوئال

ئاشۇرا كۈنىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن روزا تۇتماستىن پەقەت ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىلىشىنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇش بىر يىللىق گۇناھقا كاپارەت بولۇپ، يالغۇز ئۇ كۈنىلا روزا تۇتۇش يامان كۆرۈلمەيدۇ." [چوڭ پەتىۋالار توپلىمى 5-توم].

ئىبنى ھەجەر ھەيتەمى رەھىمەھۇللاھ" تۇھپەتۇل مۇھتاج" دا: يالغۇز ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەن". [3-توم نەپلە روزا تۇتۇش بۆلىمى].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن بۇ ھەقتە سوئال سورالغاندا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "يالغۇز ئاشۇرا كۈنىلا روزا تۇتۇشمۇ توغرا بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى ئاشۇرا كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن ۋە بىر كۈن كېيىن روزا تۇتۇش كېرەك، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر بايان قىلىنغان سۈننەتتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەگەر مەن كېلەر يىلى ياشىسام توققۇزىنچى كۈنىمۇ روزا تۇتىمەن دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 1134 -ھەدىس].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە: ئونىنچى كۈنى بىلەن بىرگە توققۇزىنچى كۈنىمۇ روزا تۇتىمەن دەپ بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. "سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋاسى"[11-توم 401-بەت

ئاللاھ ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.